# ئۇچۇر-ئالاقە ۋاستىلىرىدىن قانداق پايدىلىنىش كېرەك

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]

پەزىلەتلىك شەيخ ئابدۇراھمان ئىبنى ئابدۇلئەزىز سۇدەيس

تەرجىمە قىلغۇچى: سىراجىددىن ئەزىزى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى : ن.تەمكىنى

نەشر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2009 - 1430

islamhouse.com

# ﴿ وسائل الاتصالات ما لها وما عليها ﴾

«باللغة الأويغورية»

فضيلة الشيخ عبد الرحمن بن عبد العزيز السديس

ترجمة: سراج الدين عزيزي

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2009 - 1430

islamhouse.com

# ئۇچۇر ئالاقە ۋاستىلىرىدىن قانداق پايدىلىنىش كېرەك

2009-يىلى 05-ئاينىڭ 29-كۈنىدىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇتلار ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۇچۇن يىغىلغان يۈزمىڭلارچە مۇسۇلمانلارغا:

"ھازىرقى زامان ئۇچۇر-ئالاقە تەرەققىي قىلغان دەۋرىدىكى ئۇچۇر ئالاقە ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىلىدۇر" دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار ئاللاھدىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋادارلىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش، ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئى مۇسۇلمانلار! ھازىرقى زامان كەشپىياتلىرى، بىلىم-مائارىپ ساھەلىرىدە ئىنسانىيەت بۆسۈش خاراكتېرلىك زامانۋى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەن بولۇپ، ئۇچۇر-ئالاقە تورلىرى خالىغان ۋاقىتتا خالىغان ئادەم بىلەن ئاۋازلىق ۋە سۈرەتلىك، نەخ مەيدان ئۇچرىشالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى. بۇ ئاللاھنىڭ ياراتقۇچى، سۈرەتكە كىرگۈزگۈچى قۇدرەتلىك ئىلاھ ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. ئاللاھ ئىنسانلارغا شۇنداق مۇدھىش ئەقىلنى بەردى، سانائەتتە تەرەققىي قىلىپ يېڭى نەرسىلەرنى ئىجات قىلدى. قۇرئان كەرىمدە تۇنجى نازىل بولغان ئىقرەئ سۈرىسىدە ئاللاھ تائالا «ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى» دېگەن ئايەت ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ

بارلىق ئىجادىيەت،كەشپىياتلىرى ئاللاھ بىلدۈرگەن بىلىم دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

ھازىرقى زاماندا ئىنسانىيەت ئىجات قىلغان ياكى كەشىپ قىلغان تەرەققىياتلار، ئاپپاراتلار ئىنسانلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئىكەنلىكىدە شەك يوق. زامانىۋى ئاپپاراتلارنىڭ بەرىكىتىدىن ئىنسانلارغا دۇنيانىڭ قايسى يېرىدە بولسۇن يۈزبەرگەن ۋەقەلەر چاقماق تېزلىكىدە يېتىپ كېلىدۇ. يىراقنى يېقىن قىلالايدۇ. لېكىن بۇ تېخنىكىلارنى سۇيئىستىمال قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، زامانىۋى تېخنىكىلارنى سۇيئىستىمال قىلغان ئادەم گۇناھ-مەسىيەت سادىر قىلغان بولىدۇ.

كۆپلىگەن كىشىلەر زامانىۋى تېخنىكىلارنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى. قول تېلفونلىرى،كومپيوتېر، ئىنتېر تورلىرىنىڭ قۇربانى بولدى. ئىنسانلار بۇ زامانىۋى تېخنىكىلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ پايدىلانغان بولسىمۇ، نۇرغۇن كىشىلەر ساغلام پايدىلانماستىن سۇيئىستىمال قىلدى ۋە قىلىۋاتىدۇ. ئىنسانلار مەنىۋى قۇرغاقلىق، ئەخلاقىي ئاجىزلىق، ئەقىدە، تەپەككۇر، مەدەنىيەت ساھەلىرىدە ئېغىر تاللاشلارغا دۇچ كەلدى. مەزكۇر تېخنىكىلارنى قوللىنىشتا ئىنساندا مۇئەييەن ئەدەپ-ئەخلاق قارىشى، مەيدان-پرىنسىپ بولۇشى كېرەك.

تۆۋەندە بىز دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مۇھىم نۇقتىلارنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

1-بىز قوللىنىۋاتقان بارلىق زامانىۋى تېخنىكىلار، قول تېلفۇنلىرى،كومپيۇتور، ئىنتېر تورلىرى ئىنسانلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن

ئىجات قىلىنغان ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى بولۇپ، قوللانغۇچىلار ئۆز لايىقىدا پايدىلىنىپ، ياخشى ئىشلارغا ئىشلىتىشى كېرەككى سۇيىئىستىمال قىلىش نېمەتكە تۇز كورلۇق قىلغانلىقتۇر.

2-كۆپلىگەن ئىنسانلار يانفۇنلارنى سۇيىئىستىمال قىلىپ ئىنسانلارغا ئازار بېرىش، بىئارام قىلىش، ئەدەپ-ئەخلاققا زىت، بولمىغۇر ئۇچۇرلارنى ئەۋەتىش ئارقىلىق كىشىلەرگە ئازار بېرىدۇ.

3-تېلېفون سۆزلەشكەنلەر قارشى تەرەپ بىلەن سالاملاشقاندا ئاللاھنىڭ سالامى بولغان:"ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم" بىلەن باشلاش كېرەك.

4-سۆزلەشكەندە ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە قىسقا سۆز قىلىش، بىھۇدە سۆزلەرنى قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى ئېغىزدىن چىققان ھەربىر سۆزنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتتە ھېساباتى بار.

5-ھازىرقى زامان ئۇچۇر ئالاقە ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ رەسىمىنى تارتىش، ئاۋازىنى لېنتىغا ئېلىش، تېلېفون ئارقىلىق سۆزلەرنى باشقىلارغا توشۇش ئارقىلىق سۇخەنچىلىك قىلىش، جاسۇسلۇق قىلىش، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كولاش شەرىئەت ئۆلچىمى بويىچە خاتا، چەكلەنگەن ھارام ئىشلاردۇر.

6-يەنە بىر ئاگاھلاندۇرۇشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە قول تېلېفونلارنىڭ مۇزىكىلىرى بولۇپ، مەسچىتلەردە، ئاممىۋى سورۇنلاردا مۇزىكىلارنىڭ ھەرتەرەپتىن تولىشى ئىنسانلارغا ئازار بېرىدىغان، ئىبادەتلەرگە دەخلى يەتكۈزىدىغان، بەندىنىڭ ئاللاھ بىلەن سىردىشىدىغان مۇھىم ھالقىلىق پەيتىنى بۇزۇپ تاشلايدىغان ئامىللاردۇر.

7-تېلېفوننى ناماز ۋاقتىدا ئۈچۈق قويۇپ ناماز ئوقۇۋاتقانلارنىڭ خۇشۇ-خۇزۇلىرىنى بۇزۇش ئېغىر خاتالىقلاردىندۇر.

8-ماشىنا ھەيدىگەن ۋاقىتلاردا تېلېفون سۆزلىشىشنىڭ ئاقىۋىتى ئىنتايىن خەتەرلىكتۇر. نۇرغۇن ئىنسانلارغا تۇگىمەس بالا-مۇسىبەتلەرنى كەلتۇرگەن قاتناش ۋەقەلىرىنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە ئېلىنغان ستاتستىكىلارغا قارىغاندا، كۆپۈنچە قاتناش ۋەقەسى شوپۇر ماشىنا ھەيدەۋېتىپ تېلېفون سۆزلەشكەنلىكى سەۋەپتىن بولغانلىقى ئىسپاتلاندى.

9-ئاتا-ئانىلار ئەۋلادلىرىنى تېلېفون، كومپيوتېر قوللىنىشتا ئەدەپ-ئەخلاق، قائىدە تۈزۈملەرگە رىئايە قىلىش ھەققىدە تەربىيە قىلىشنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلىنىدۇ. ئاتا-ئانا بالىلارنىڭ بارلىق ياخشى-يامان ئىشلىرىدىن مەسئۇلدۇر.

10-مەزكۇر تېخنىكا ئاپپاراتلىرىنى سۇيئىستىمال قىلىش ئەخلاقى چىرىكلىك بولۇپ، ۋىجداننى يوقاتقانلىقتۇر.

زامانىۋى تېخنىكا ئاپپاراتلىرى، ئۈچۈر ئالاقە ئاپپاراتلىرى ئىككى بىسلىق نەرسىلەر بولۇپ ئۇلارنى دۇنيا-ئاخىرەتلىك مەنپەئەتكە ئىشلەتكەنلەر پايدا ئالىدۇ. سۇيئىستىمال قىلغانلار زىيان تارتىدۇ، دۇنيا-ئاخىرەتتە مەسئۇلىيەتكە تارتىلىدۇ.

ئاللاھ بارچىمىزنى ياخشىلىققا مۇيەسسەر قىلىپ، يامانلىقتىن يىراق قىلسۇن ئامىن !.